# مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى

**ــــ 2020 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 ـ يىغىنىدا بېرىلگەن**

**مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى  لى جەنشۇ**

ۋەكىللەر:

مەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن يىغىنغا خىزمەتلەرنى دوكلات قىلىمەن، قاراپ چىقىشىڭلارنى سورايمەن.

## 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 ـ يىغىنىدىن بۇيانقى ئاساسلىق خىزمەتلەر

13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 ـ يىغىنىدىن بۇيانقى بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت دۆلىتىمىز تارىخىدا ئىنتايىن مۇشكۈل، ئىنتايىن ئالاھىدە مەزگىل بولدى. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئۇلۇغ كۈرەش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش، ئۇلۇغ ئىش، ئۇلۇغ ئارزۇنى ئەتراپلىق ئىگىلەپ، باتۇرلۇق بىلەن دەۋرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل ئۈستىگە ئېلىپ، زور خىرىسقا ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇپ، زور خەۋپ ـ خەتەرنى توسۇپ، زور مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىدا يېڭى زور ئىلگىرىلەشلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشىنى ئالغا سىلجىتتى. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى تۇيۇقسىز يۈزبەرگەندىن كېيىن، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنى ئەڭ مۇھىم ئىش قاتارىدا چىڭ تۇتتى، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىپ، بىۋاسىتە ئورۇنلاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي ئۇرۇش، توسۇپ زەربە بېرىش ئۇرۇشىنى ياخشى قىلدى. ئىنتايىن جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، ۋۇخەننى قوغداش جېڭى، خۇبېينى قوغداش جېڭىدە ھەل قىلغۇچ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش بويىچە توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە زور ئىستراتېگىيەلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش خىزمىتى بىلەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات خىزمىتىنى بىرتۇتاش ئىلگىرى سۈرۈشتە پائال ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. بۇ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ قۇدرەتلىك يېتەكچىلىكىنى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك پىلاننى ياخشى تۈزۈپ، كەسكىن، تەۋرەنمەي ئىش كۆرۈپ، نىشان بەلگىلەپ يول باشلاپ، يۆنىلىشنى ئىگىلەپ ئىلگىرىلەيدىغان ئاجايىپ رەھبەرلىك ئىقتىدارىنى يەنە بىر قېتىم ئىپادىلىدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلدى، جۇڭخۇا پەرزەنتلىرىنىڭ ھېچقانداق قىيىنچىلىققا باش ئەگمەي، ئۆزىنى توختىماي قۇدرەت تاپقۇزۇپ، باتۇرلۇق بىلەن بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىدىغان، ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر داۋامىدا يېتىلىدىغان، ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر داۋامىدا قەددىنى رۇسلايدىغان قەھرىمانلىق جاسارىتىنى گەۋدىلەندۈردى.

يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، قانۇن بويىچە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، ياۋايى ھايۋانلارنى قانۇنسىز ئېلىپ ـ سېتىش ۋە يېيىشنى ئومۇميۈزلۈك مەنئى قىلىش توغرىسىدا قارار چىقىرىپ، ئاممىۋى ساغلاملىق بىخەتەرلىكىدە خەۋپنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىكىنى ئالغا بېسىشنى ئىلگىرى سۈردى. دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىش تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ، ئاممىۋى ساغلاملىق ساھەسىدىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە ئاساسەن، ئاممىۋى ساغلاملىقنىڭ قانۇنچىللىق كاپالىتى سىستېمىسى بويىچە قانۇن چىقىرىش، قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ يولغا قويۇپ، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە ساغلاملىق بىخەتەرلىكىنى ساقلاشتىكى قانۇنچىللىق مۇداپىئە سېپىنى مۇستەھكەملىدى. جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلارغا جاۋابەن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشكە دائىر قانۇنلارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەشۋىق قىلىپ، چۈشەندۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا قانۇن جەھەتتىن مەدەتكار بولدى.

بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، دائىمىي كومىتېت قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى، نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى، قارار قىلىش ھوقۇقىنى ۋە تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، قانۇن لايىھەسى، قارار لايىھەسىدىن جەمئىي 48 پارچىنى قاراپ چىقتى، 34 پارچىنى ماقۇللىدى، جۈملىدىن بەش قانۇننى تۈزۈپ چىقتى، 17 قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزدى، ئالاقىدار قانۇن مەسىلىلىرى ۋە زور مەسىلىلەر توغرىسىدا 12 قارار چىقاردى؛ 39 دوكلاتنى ئاڭلاپ ئۆتتى، قاراپ چىقتى، ئالتە قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، ئۈچ قېتىم مەخسۇس تېمىدا ئەھۋال ئىگىلەش، يەتتە تۈرلۈك مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇردى، بىر تۈرلۈك قارارنى چىقاردى؛ بەش پارچە ئىككى تەرەپلىك شەرتنامىنى تەستىقلاشنى قارار قىلدى؛ تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش لايىھەسىدىن 38نى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى، دۆلەت ئورگىنى خادىمىدىن 282 ئادەم قېتىمنى قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلىدى، ۋەزىپىدىن قالدۇردى، تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى ئىلگىرىلەش، يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

### 1. ئاساسىي قانۇننىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىدە ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق

ئاساسىي قانۇن دۆلەتنىڭ تۈپ قانۇنى، پارتىيە ۋە خەلق ئىرادىسىنىڭ مەركەزلىك نامايەندىسى. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش دېگەندە ئالدى بىلەن دۆلەتنى ئاساسىي قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك، قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش دېگەندە ئالدى بىلەن ئاساسىي قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، دائىمىي كومىتېت دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شان ـ شەرەپ ئىسمى بېرىش توغرىسىدا قارار چىقاردى، رەئىس شى جىنپىڭ رەئىس بۇيرۇقى ئىمزالاپ، يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتىدا ئاجايىپ تۆھپە ياراتقان 36 نەپەر مەشھۇر زاتقا ۋە جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەرنىڭ ئالاقە ـ ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان ئالتە نەپەر خەلقئارا دوستقا دۆلەت ئالىي شەرىپى بەردى. بۇ، ھازىرقى ئاساسىي قانۇن يولغا قويۇلغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم مەركەزلىك ھالدا دۆلەت ئوردېنى بېرىش ھېسابلىنىدۇ. جازا ئۆتەۋاتقان بىر قىسىم جىنايەتچىلەرنى ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدا قارار چىقاردى، رەئىس شى جىنپىڭ ئالاھىدە كەچۈرۈم بۇيرۇقى ئىمزالاپ ئېلان قىلدى. قانۇندا بەلگىلەنگەن قاتتىق تەرتىپ ئارقىلىق، توققۇز تۈر بويىچە جازا ئۆتەۋاتقان جىنايەتچىدىن جەمئىي 23 مىڭ 593 ئادەم ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىندى، بۇ، ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن ئالاھىدە كەچۈرۈم تۈزۈمىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق زور ئەمەلىيىتى.

پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دائىمىي كومىتېت گوۋۇيۈەننىڭ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدا دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداشقا دائىر ئەھۋاللار توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى، ئاساسىي قانۇن ۋە شياڭگاڭنىڭ نېگىزلىك قانۇنىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدا دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداشقا دائىر قانۇن ـ تۈزۈم ۋە ئىجرا مېخانىزمىنى ئورۇنتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ھەققىدىكى قارارى (لايىھە)»نى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقىپ ۋە قاراپ چىقىپ، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇشنى قارار قىلدى. بۇ، يېڭى ۋەزىيەتتە «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»دىن ئىبارەت تۈزۈم سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شياڭگاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە نېگىزلىك قانۇندا بەلگىلەنگەن ئالاھىدە رايوننىڭ ئاساسىي قانۇنلۇق تەرتىپىنى قوغداشتىكى زور تەدبىر بولۇپ، شياڭگاڭلىق قېرىنداشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ۋەكىللەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، بۇ مۇھىم قانۇن چىقىرىش ۋەزىپىسىنى جەزمەن ئوڭۇشلۇق ئورۇنداپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى، بىخەتەرلىكىنى ۋە تەرەققىيات مەنپەئىتىنى قوغداپ، شياڭگاڭنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئاۋاتلىقى ۋە مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تېخىمۇ كۈچلۈك قانۇنچىللىق كاپالىتىگە ئىگە قىلالايمىز.

ئاساسىي قانۇنغا ئۇيغۇنلۇق دەرىجىسىنى تەكشۈرۈش، ئەنگە ئېلىپ تەكشۈرۈشنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇردۇق. ئاساسىي قانۇنغا ئۇيغۇنلۇق دەرىجىسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرىنى تۈزۈپ، ئاساسىي قانۇنغا چېتىلىدىغان ئالاقىدار مەسىلىلەردە جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان نۇقتىلارغا مۇۋاپىق جاۋاب قايتۇرۇپ، ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا خىلاپ بولغان قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنى قانۇن بويىچە تۈزىتىپ، ئاساسىي قانۇننىڭ ھەقىقىي تۈردە رىئايە قىلىنىشىغا ۋە ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدۇق. قانۇن، نىزام، ئەدلىيەلىك ئىزاھاتلارنى ئەنگە ئېلىپ تەكشۈرۈش تۈزۈلمىسى ـ مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىرلىككە كەلگەن، پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان ئەنگە ئېلىپ تەكشۈرۈش ئۇچۇر سۇپىسىنى قۇرۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە دۆلەت قانۇن ـ نىزاملىرى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى بەرپا قىلدۇق. ئەنگە ئېلىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئۇدا ئۈچ يىل ئاڭلاپ قاراپ چىقتۇق ھەمدە جەمئىيەتكە ئاشكارىلىدۇق. 2019 ـ يىلى 1995 پارچە مەمۇرىي قانۇن ـ نىزام، يەرلىك نىزام، ئەدلىيەلىك ئىزاھاتنى ئەنگە ئالدۇق، ئالاھىدە مەمۇرىي رايون يەرلىك قانۇنىدىن 33نى ئەنگە ئالدۇق، پۇقرالار، تەشكىلاتلار ئوتتۇرىغا قويغان تەكشۈرۈش تەكلىپلىرىدىن 138 پارچىنى مۇھاكىمە قىلىپ بىر تەرەپ قىلدۇق. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، تۈزۈپ چىققۇچى ئورگانلارنىڭ ئاساسىي قانۇن، قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىگە ۋە ئۇنىڭ روھىغا زىت بولغان، ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، ماس كەلمەيدىغان قائىدە خاراكتېرلىك 506 پارچە ھۆججەتنى تۈزىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، دۆلەت قانۇن ـ تۈزۈمىنىڭ بىردەكلىكىنى، ھۆرمىتىنى ۋە نوپۇزىنى قوغدىدۇق.

ئاساسىي قانۇن توغرىسىدىكى تەشۋىقات ـ تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇردۇق. ئالتە قېتىم ئاساسىي قانۇن قەسەمىيادى مۇراسىمى ئۇيۇشتۇردۇق، ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن 18 كىشى قەسەم بەردى، كومىتېت باشلىقى يىغىنى تەركىبىدىكىلەر رىياسەتچىلىك قىلدى ھەمدە قەسەم بېرىشكە نازارەتچىلىك قىلدى، بۇ ئارقىلىق دۆلەت خادىملىرىنىڭ ئاساسىي قانۇن ئېڭى كۈچەيتىلدى. «ئاساسىي قانۇن روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش» ئاساسىي تېمىسىدا ئالتىنچى قېتىملىق دۆلەت ئاساسىي قانۇن كۈنى سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ ۋە جايلارنىڭ مول مەزمۇنلۇق ئاساسىي قانۇن تەشۋىقاتى پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈشىگە تۈرتكە بولدۇق. ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ نېگىزلىك قانۇنى يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» فاڭجېنىنى ۋە ئاساسىي قانۇن، نېگىزلىك قانۇننى تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سۈردۇق.

### 2. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈردۇق

دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى پۇختا ئىگىلەپ، قانۇن تۈزۈش، تۈزىتىش كىرگۈزۈش، ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئىزاھلاشنى تەڭ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، سۈپەت بىلەن ئۈنۈمگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، مۇھىم ساھەلەردە قانۇن چىقىرىشنى كۈچەيتىپ، قانۇننى ئىلمىي تۈزۈش، دېموكراتىك تۈزۈش، قانۇن بويىچە تۈزۈش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردۇق.

ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ماسلىشىپ ۋە تۈرتكە بولۇپ، زور ئىسلاھاتلارنىڭ قانۇن ئاساسى بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق. چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سېلىش قانۇنى ماقۇللانغاندىن كېيىن، بىناكارلىق قانۇنى، ئوت مۇداپىئە قانۇنى، ئېلېكتىرونلۇق ئىمزا قانۇنى، شەھەر ـ يېزا يېرىك پىلانى قانۇنى، ئاپتوموبىل ـ كېمە بېجى قانۇنى، تاۋار ماركىسى قانۇنى، ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنى، مەمۇرىي ئىجازەت قانۇنى قاتارلىق بىر يۈرۈش قانۇنلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئالاقىدار قانۇنلارنى جىپسىلاشتۇرۇش خىزمىتىنى تاماملىدۇق؛ تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ مەبلەغ سېلىشىنى قوغداش قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئىسلاھات نەتىجىلىرىدىن تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ تەڭ مەنپەئەتلىنىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق. شەھەر ئاسراش، شەھەر قۇرۇلۇشى بېجى قانۇنى، پۈتۈم بېجى قانۇنى، ئېكسپورتنى باشقۇرۇش قانۇنى لايىھەسىنى قاراپ چىقتۇق، گوۋۇيۈەنگە ئەركىن سودا سىناق رايونىدا ئالاقىدار قانۇن ـ بەلگىلىمىلەرنى ۋاقىتلىق تەڭشەپ تەتبىقلاش ھوقۇقى بېرىش، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىغا خېڭچىن پورتىنىڭ ئاۋمېن تەرەپ رايونىنى ۋە ئالاقىدار تۇتاش رايونلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بېرىش توغرىسىدىكى قارارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دەۋر ۋە ئىسلاھاتنىڭ قانۇنچىللىق ئېھتىياجىغا جاۋاب قايتۇردۇق. گوۋۇيۈەنگە خەينەن ئەركىن سودا سىناق رايونىدا يەر باشقۇرۇش قانۇنى، ئۇرۇقچىلىق قانۇنى، دېڭىز سۇدىكى قانۇندىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنى ۋاقىتلىق تەڭشەپ تەتبىقلاش ھوقۇقى بېرىپ، خەينەننىڭ ئەركىن سودا سىناق رايون قۇرۇلۇشى ۋە جۇڭگوچە ئەركىن سودا پورتى قۇرۇلۇشىغا مەدەت بەردۇق. ئاكسىيە قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشتە تۆت قېتىم قاراپ چىقىلدى، ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىش، مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت قانۇن چىقىرىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، رويخەتكە ئېلىش تۈزۈمى قاتارلىق ئىسلاھات نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، كاپىتال بازىرى ئىسلاھاتىنى ۋە ئۇنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى قانۇنچىللىق كاپالىتى بىلەن تەمىن ئەتتۇق.

يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەت بىلەن قانۇن چىقىرىش ئارقىلىق يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈردۇق. بايلىق مەنبەسى بېجى قانۇنى تۈزۈش، قاتتىق تاشلاندۇقلارنىڭ مۇھىتنى بۇلغىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قانۇنىغا، ئورمان قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشتە، ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، يېشىل تەرەققىيات، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئىناق بىللە مەۋجۇت بولۇش ئىدىيەسىنى قانۇن چىقىرىشقا كۆپ تەرەپتىن، كۆپ قاتلامدىن سىڭدۈردۇق. چاڭجياڭ دەرياسىنى قوغداش قانۇن لايىھەسىنى تەييارلاپ ۋە قاراپ چىقىپ، «ئومۇميۈزلۈك قوغداشنى تەڭ تۇتۇش، كەڭ كۆلەمدە ئاچماسلىق» ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئانا دەريا چاڭجياڭنى قانۇن قورالى، قانۇنچىللىق كۈچى ئارقىلىق قوغدىدۇق. ئەسەر ھوقۇقى قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسىنى قاراپ چىقىپ، ھوقۇققا چېقىلىدىغان قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا زەربە بېرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشنى كۈچەيتتۇق. يەر باشقۇرۇش قانۇنىغا، شەھەر ئۆي ـ زېمىن باشقۇرۇش قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئاشۇرۇشقىلا بولىدۇكى، ئازايتىشقا بولمايدۇ دېگەن تۆۋەن چەك مەيدانىدا ۋە قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، يەر بايلىقىنى جانلاندۇرۇش، دېھقانلارنىڭ مۈلۈك كىرىمىنى ئاشۇرۇش، تېرىلغۇ يەرنى قوغداشنى كۈچەيتىش، شەھەر ـ يېزىنىڭ يۇغۇرۇلما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تۈزۈم كاپالىتىگە ئىگە قىلدۇق.

خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇش ئىستىكىنى كۆرەش نىشانى قىلىپ، خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدە قانۇن چىقىرىشنى تېزلەتتۇق. ئاساسىي داۋالىنىش ـ ساقلىق ساقلاش ۋە ساغلاملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش قانۇنى تۈزۈپ، خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى ھەر تەرەپلىك، تولۇق دەۋرىيلىك قوغداشنى قانۇن كاپالىتى بىلەن تەمىن ئەتتۇق. دورا باشقۇرۇش قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولۇۋاتقان ساختا دورا، ناچار دورا، دورا باھاسى يۇقىرى بولۇش، دورىلار قىس بولۇش مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشىغا تۈرتكە بولدۇق. ۋاكسىنا باشقۇرۇش قانۇنى تۈزۈپ، ۋاكسىنا تەتقىقاتى، ئىشلەپچىقىرىشى، ئوبوروتى ۋە ۋاكسىنا ئەملەشنى بىخەتەرلىك كاپالىتىگە ئىگە قىلدۇق. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش خىزمىتىدىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئاممىۋى ساغلاملىقنىڭ قانۇنچىللىق كاپالىتى سىستېمىسىنى كۈچەيتىش تەلىپىگە ئاساسەن، مەخسۇس تۈر بويىچە قانۇن چىقىرىش، قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش پىلانىنى تۈزۈپ يولغا قويۇپ، مەخسۇس خىزمەت بەنزىسى قۇرۇپ، تۈزۈپ چىقىلىدىغان ۋە تۈزىتىش كىرگۈزۈلىدىغان 30 قانۇننى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇردۇق، بىر يىلدىن ئىككى يىلغىچە بولغان ۋاقىتتا قانۇن چىقىرىش ۋەزىپىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئورۇنداپ بولۇشقا تىرىشىمىز. ھايۋانات يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسىنى قاراپ چىقىپ، ھايۋانات يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرىنىڭ مەنبەسى ۋە يۇقۇم ئەھۋالىنى كۆزىتىش، ئۈنۈمىدىن سىگنال بېرىشنى كۈچەيتتۇق. جانلىقلار بىخەتەرلىكى قانۇن لايىھەسىنى تەييارلاپ ۋە قاراپ چىقىپ، جانلىقلار خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان، جانلىقلار تېخنىكىسى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، دۆلەتنىڭ جانلىقلار بىخەتەرلىكى سىستېمىسىغا تىرەك بولىدىغان قانۇننى تۈزۈپ چىقىشقا تىرىشىمىز.

دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى چۆرىدەپ، مەمۇرىي تەپتىش، قانۇن يۈرگۈزۈش، جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش، دۆلەت خەۋپسىزلىكى قاتارلىق ساھەلەردە قانۇن چىقىرىشنى كۈچەيتتۇق. دۆلەت مەمۇرىي تەپتىش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلەت رېۋىزيە كومىتېتىنىڭ مەمۇرىي تەپتىشكە دائىر قائىدە ـ نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىشى توغرىسىدا قارار چىقاردۇق، ھۆكۈمەت خادىملىرىغا مەمۇرىي ئىشلار بويىچە جازا بېرىش قانۇن لايىھەسىنى قاراپ چىقتۇق. مەھەللىدە تۈزىتىش قانۇنىنى تۈزدۇق، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسىنى قاراپ چىقتۇق، يىغىۋېلىپ تەربىيەلەشكە دائىر قانۇن ـ بەلگىلىمىلەرنى ۋە تۈزۈملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقىرىپ، يېڭى دەۋردە جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش تەلىپىگە تېخىمۇ ياخشى ئۇيغۇنلاشتۇق. سوت خادىملىرى قانۇنى، پروكورورلار قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزدۇق، ھەق تەلەپ دەۋا تەرتىپىدە مۇرەككەپلىرى بىلەن مۇرەككەپ ئەمەسلىرىنى ئايرىش ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ھوقۇق بېرىش توغرىسىدا قارار چىقىرىپ، ئەدلىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملىدۇق ۋە چوڭقۇرلاشتۇردۇق. شىفىر قانۇنىنى تۈزۈپ چىقتۇق، ئارخىپ قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسىنى قاراپ چىقىپ، ئالاقىدار ساھەلەرنىڭ ئىدارە قىلىشقا دائىر قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈردۇق.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)